# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق، ئۆلچەمنى بوشاشتۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېگىلەنگەن، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم مىزان.

2020 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشى ئارقىلىق ئۇلۇغ جەمئىيەت ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشتە، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. كەڭ خەلق ئاممىسىغا بوران ـ چاپقۇن يېتىپ كەلگەندە، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نوپۇزىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم يۆلەنچۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا يېڭى مۇھىم، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ئاساسلىقى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، پارتىيە بايرىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش جەريانىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇلدى. ئىككىنچى، «ئىككىنى قوغداش» زىچ چۆرىدىلىپ سىياسىي نازارەتچىلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلىپ، سىياسىي كۆزىتىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ ئىنتىزام قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىلىپ، «تۆت خىل ھالەت»نى قوللىنىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار چۆرىدىلىپ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. ئۈچىنچى، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق قەتئىي تۈگىتىلىپ، ئىستىلدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش جەريانىدا ساختىپەزلىك قىلىش مەسىلىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كېڭەيتىلىپ، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك داۋاملىق تۈزىتىلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرى قەتئىي تۈزىتىلدى. تۆتىنچى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى ھالىتى چوڭقۇر ئىگىلىنىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىلىپ، نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان چىرىك ئۇنسۇرلار قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، دىققەت سىياسىي مەسىلە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن چىرىكلىك دېلولىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەگە سادىق بولمىغان، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بەشىنچى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، ئىدىيەنى باشقۇرۇش، خىزمەتنى باشقۇرۇش، ئىستىلنى باشقۇرۇش، ئىنتىزامنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كۆرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلار تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئۇرۇش سېپىدە مۇنەۋۋەر ئاكتىپلار تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ پارتىيەگە كىرگۈزۈلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن رازى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ. جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ئەڭ زور خەۋپ ـ خەتەر يەتكۈزىدىغان چىرىكلىك يەنىلا مەۋجۇت، ساقلانما مىقدارى تېخى ئېنىق ئەمەس، ئېشىش مىقدارى يەنىلا يۈز بېرىۋاتىدۇ. چىرىتىش ۋە چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سەللا بوشاڭلىق قىلساق، ئەجرىمىز يوققا چىقىشى مۇمكىن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا تاللاش يوق، جەزمەن قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشى، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشى، جەزمەن پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويماي ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.» ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار جەزمەن پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر «ئىمتىھان بېرىش»تەك سەگەكلىكنى ساقلاپ، «چىرىتىش»، «قورشاپ ئوۋلاش»قا قارىتا ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش، ھادىسىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش ئىدىيەسى بىلەن ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىنچلىق ـ قالايمىقانچىلىق، گۈللىنىش ـ خارابلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرىيلىكتىن سەكرەپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوتنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قەلبكە پۈككۈچ دەل 100 يىللىق سالاپەت. «14 ـ بەش يىل»نى باشلاپ، يېڭى مۇساپىنى ئېچىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە قىلغان ئۇلۇغ ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىسەك، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تېخنىكا يېڭىلاش، دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە بازار ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ ئەنئەنىۋى تېبابىي دورىگەرلىكنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئۆزگىچە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئادەم، ماددىي ئەشيالارغا قارىتا تەڭ ئالدىنى ئېلىش، تەڭ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئون چوڭ كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سالمىقىنى كۈچەيتىپ زورايتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئون تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، قەتئىي ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆ خەيرۇڭ، جارۇللا ھېسامىدىن، ليۇ سۇشې قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي قانۇن ساھەسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان سىياسىي قانۇن پولات قوشۇنى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى خىزمەتلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى ۋە سىياسىي قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئارقىلىق سىياسىي قانۇن خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي قانۇن ساھەسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇرسەت بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش، تەرتىپكە سېلىشنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان شىنجاڭ سىياسىي قانۇن پولات قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئاچقۇچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىندىن بەرپا قىلىنغان مۇنەۋۋەر تىنچ ـ ئامان ۋىلايەت (ئوبلاست)، مۇنەۋۋەر تىنچ ـ ئامان ناھىيە (شەھەر، رايون)، تىنچ ـ ئامان ناھىيە ۋە مۇنەۋۋەر تىنچ ـ ئامان يېزا ـ بازار (كوچا)، ئاپتونوم رايون بويىچە «قوش بىرلەشمە ئائىلە» خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلققە قولاي مۇلازىمەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر قاتارلىقلار تەقدىرلەندى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگىچە ئېچىلدى. قادىلبېك قامزا، چېن مىڭگو، ياڭ يۈڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، ما گوۋېي، باھارگۈل سەمەت، پۇ شيۇ، لى يۈڭجۈن، چېن لىيەنبىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەھلىل قىلىنىپ، بۇ يىللىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھازىرقى ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئۆتكەن بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، «تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاش» ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كاللىنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ، بىخەتەرلىك يوچۇقلىرىنى قەتئىي ئېتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە ئادا قىلىپ، ئەڭ قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن قىزىل سىزىقنى چىڭ ساقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەملىكەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ يىللىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرىنى باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۇنىۋېرسال كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەسىلە، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى تۈزەش ئۆتكىلىگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، توسۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. «پۈتۈن ئاپەت تۈرى، زور جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش» تىپىنى ئۆزگەرتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى ئەلالاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھادىسە، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئۇل خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، تەشۋىق ـ تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئورتاق تۈزەش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر دەل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، «پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ساھەنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، كەسىپنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش» تەلىپىگە توغرىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پولاتتەك ئىرادە، پولاتتەك ئىنتىزام، پولاتتەك تەدبىر ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەرنى قاتتىق باشقۇرۇپ، قاتتىق كونترول قىلىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، قاتتىق تۈزەپ، قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىپ، جاۋابكارلىقنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، تۈرلۈك ھادىسە، ئاپەت يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ «ئاساسىي گەۋدە»سىنى قەتئىي مۇقىم ساقلاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى پۇختا بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۈەنجيۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.